# ئېھرامدا دىققەت قىلىش مۇھىم دەپ

# قارالغان ئىشلار

[ئۇيغۇرچە]

محظورات الإحرام

[باللغة الأويغورية]


المفتي: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئىبنى ئۇسەيمىين

المفتي: الشيخ محمد صالح بن العثيمين

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز



تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008



islamhouse.com

# ئېھرامدا دىققەت قىلىش مۇھىم دەپ قارالغان ئىشلار

11356- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن چەكلىنىش زۆرۈر بولغان ئىشلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئېھرامدا چەكلىنىشكە تېگىشلىك ئىشلار دېگىنىمىزدىن ئىنسان ئېھرامغا كېرىش بىلەن(يەنى-ھەج -ئۆمرىگە نىيەت قىلغاندىن كېيىن) ئىشلەش چەكلەنگەن ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇ ئىشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1- بېشىنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇش: بۇ ھەققتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:« قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال جايىغا(يەنى بەلگىلەنگەن جايغا) يەتمىگۈچە بېشىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار»، ئۆلىمالار بەدەننىڭ باشقا جايلىرىنىڭ تۈكىنى ئېلىشنى ۋە تىرناق ئېلىش ياكى قىسقارتىشنىمۇ باشنىڭ چېچىنى ئېلىشقا قېتىپ قويىدى.

2- ئېھرامغا نىيەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش: ھەج قىلغۇچى كىيىملىرى، بەدەنلىرى، يېمەك- ئىچمىكى، غۇسلى قىلىش ۋە باشقا بارلىق ئىشلاردا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ(ھارام بولىدۇ)، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئىبراھىمغا كىرگەندىن كېيىن تۆگىدىن يىقىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:«بۇ كىشىنى سىدىر يوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ بىلەن يۇيۇڭلار، ئۆز ئىھرامى بىلەن كېپەنلەڭلار، بېشىنى يۆگىمەڭلار، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەڭلار».

3. جىما قىلىش: بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:«بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئىھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل-ماجرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ».

4. شەھۋەت بىلەن قۇچاقلىشىش: بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ:« جىنسى ئالاقە قىلىشماڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ، ئىھرامغا كىرگەن كىشىنىڭ توي قىلىشى ۋە باشقىلارغا توي ھەققىدە ئىغىز ئېچىشى دۇرۇس بولمىغان تۇرسا، شەھۋەت بىلەن ئايالىنى قۇچاقلاش قانداقمۇ دۇرۇس بولىدۇ؟!.

5. ھايۋانلارنى ئۆۋلاش ۋە ئۆلتۇرۇش: بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆۋلىغان ھايۋانلارنى ئىھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار». ھەرەم دائىرسى ئىچىدە بولمىسا ئىھراملىق ياكى ئىھرامسىز كىشىلەرگىمۇ دەرەخلەرنى چاتاش ھارام ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەپات مەيدانىدىمۇ ئىھراملىق كىشىلەر دەرەخلەرنى چاتاپ سالسا بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق، چۈنكى دەرەخلەرنى چاتاش ئىشلىرى ھەرەمگە ئالاقىدار بولۇپ ئىھرام بىلەن ئالاقىسى يوق.

6. ئەرلەرگە خاس بولغان ئىشلاردىن: ئىھرامدا كۆينەك، ئىشتان، سەللە، ئۆتۈك ۋە باشقا ئىچ كېيىم- تاشقى كېيىملەرنى كىيمەسلىك كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىھرامدا نېمە كىيىش توغرىسىدا سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەرلەر ئىھرامدا كۆينەك، ئىشتان، باش كىيىمى، سەللە، ئۆتۈك كىيمەيدۇ» دېگەن، ئەمما ئادەتتىكى ئاياغ بولمىسا ئۆتۈك كىيىشكە رۇخسەت قىلغان. بۇ بەش تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئۆلمالار يىڭنە بىلەن تىكىلگەن نەرسىلەر دەپ بايان قىلدى، بەزى كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇتلەق يىپ بىلەن تىكىلگەن نەرسىلەر كىيىش توغرا ئەمەس دەپ خاتا چۈشىنىۋالغان، ئىش ئۇنداق بولماستىن بەلكى بۇنىڭدىن ئىنسان بەدىنىگە ئۆلچەپ تىككەن نەرسىلەرنى كىيمەسلىك دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ.

7-ئاياللارغا خاس بولغان ئىشلاردىن: يۈزنى يۆگىمەسلىك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى بۇنىڭدىن توستى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ئىھرامغا كىرگەندە يۈزنى ياپىدىغان نەرسىلەرنى كىيمەيدۇ ۋە قوللانمايدۇ، بەلكى يۈزنى ئېچىۋېتىدۇ، لېكىن يات ئەرلەر بار جايلاردا يۈزنى يېپىۋېلىشى لازىم. يۇقۇرىدىكى چەكلەنگەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ قىلىپ ياكى بىلمەسلىكتىن ياكى باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىشلىسە ئۇ كىشىگە ھېچ گەپ يوق. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا(سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر». ئىھرامدا ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئىھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار، سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن ئىشىنىڭ

ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىشتۇر»، بۇ ئايەتلەردىن ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ قىلىپ ياكى بىلمەسلىكتىن قىلىپ سالسا ئۇ كىشىگە ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قىلىپ سالغان بولسىمۇ شۇنداق، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى ئاللاھغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا- قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا(ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا- كۇپرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا(يەنى ئىختىيارى يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا، ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ».

لېكىن ئۇنتۇلۇپ قالغان كىشى يادىغا كەلگەن ھامان، جاھىل كىشى بىلگەن ھامان، مەجبۇرلانغۇچىلاردىن مەجبۇرلىنىش تۈگىشىلا بۇ ئىشلاردىن دەرھال چەكلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ مىسالى: ئېھراملىق كىشى ئۇنتۇپ قىلىپ بىشىنى يۆگىگەن بولسا ئەسلىتىلگەن ھامان دەرھال ئېچىۋېتىشى كېرەك. ئەگەر قولىنى خۇش-بۇي نەرسىلەر بىلەن يۇغان بولسا ئېسىگە كەلگەندىن كېيىنلا دەرھال قولىدىكى خۇش-بۇي نەرسىلەرنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشى كېرەك. ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر . (شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئىبنى ئۇسەيمىيىنىنىڭ« مەنارۇل ئىسلام» ناملىق پەتىۋا كىتابىنىڭ 2-توم 391-394 - بەتلىرىگە قارالسۇن).